

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئۆچقۇنجان ئۆمەر
ھاجى ئەخمەت

مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەت رېھىمئەمەت
ئابلىمىت ھاجى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

*

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۆلچىمى: 1092 × 787 مم 1/32، 2 باسما تاۋاق

1982- يىل 10- ئاي 1 - نەشرى

1983- يىل 1- ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاپ نومۇرى: M10264-23

سانى: 1—50.000

باھاسى: 0.13 يۈەن

# نەشرىياتتىن

تارىختا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاتاغلىق سوزمەن، قىزىق-
چىلىرى بولغاندەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ داڭلىق سوزمەن، قىزىقچى-
لىرى بولغان. سەلەي چاققان ـ ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. ئۇ، تەخ-
مىنەن 1816 ـ يىللىرى قەشقەر كونىشەر ناھىيىسىگە قا اشلىق ئو-
پالدا تۇغۇلۇپ، 1905 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ھازىرقى ئوپال تە-
ۋەسىدىكى "چاققانلار مەھەللىسى" ـ سەلەي چاققان تۇغۇلغان
مەھەللىدۇر.

سەلەي چاققان ئومرىنىڭ كوپ قىسمىنى ئوپال، بۇلاقسۇ
( بورىختاي )، تاشمىلىق قاتارلىق جايلاردا ئوتكۇزىدۇ. ئۇنىڭ
ئاتىسى ھۇنەر ـ سەنئەتكە كامىل كىشى بولۇپ، ياش ۋاقىتلىرى-
دا قەشقەر، يەكەن، كۇچار، تۇرپان، ئىلى قاتارلىق جايلارغا بې-
رىپ، غىرىپ ـ مۇساپىرچىلىقتا ياشايدۇ. بۇ ئىجتىمائى ئەمەلى-
يەت ـ ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى داڭلىق ناخشىچى، قوشاقچى،
شۇنداقلا، ئۇستا راۋاپچى بولۇپ قېلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ. سە-
لەي چاققان كىچىكىدىن باشلاپ ئاتىسىدىن تەسىر ۋە تەربىيە ئې-
لىپ، قەيەردە سوزمەن، قىزىقچىلار بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ، ئوت-
تەك ھەۋەس بىلەن شۇلاردىن ئۇگىنىدۇ. بۇ ھال ئۇنى تۇرمۇش-
نىڭ تۇرلۇك قاتلاملىرىغا چوكۇپ، جەمىيەت ئەھۋالىنى چۇشى-
نىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

سەلەي چاققان ياشىغان دەۋر قەشقەردە زورىدىن ھاكىم،
بەدۆلەت ( ياقۇپبەگ قوش بېگى ) قاتارلىقلار ھوكۇمىران-

لىق قىلىپ تۇرغان چاغلارغا توغرا كەلگەنلىكتىن، بۇ جەمئىيەتنىڭ تۇرلۇك زىددىيەتلىرى ئىچىدە، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق تەمىنى تازا تېتىيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئۇز لەتىپىلىرىدە سۇتخورلۇق، جازانىخورلۇق، ئالدامچىلىق، كورەلمەسلىك، خۇراپاتلىقتا ئوخشاش قالاق ئىدىيىلەرنى مەسخىرە قىلىپ، كىشىلەرنى نادانلىق، ئاخماقلىق ۋە قاراملىق ئۇستىدىن غالىپ كېلىشكە، ھەر قانداق ئىشنى قىلغاندا، كەمتەر، ئېھتىياتچان ۋە سالماق بولۇشقا دالالەت قىلىدۇ.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ بەدىئى كۇچى خېلى ئۇستۇن. بۇ كۇچ ئاساسەن لەتىپىلەرنىڭ يېشىمىدىكى كۇلكىگە سىڭگەن. بۇ كۇلكە قانچە قاتتىق بولغانسېرى ئۇنىڭ تىغى شۇنچە ئۇتكۇرلىشىدۇ، ئاڭلىغان كىشى كۇلكىسىنى باسالمايدۇ. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدىكى بۇ خىل خۇسۇسىيەت ئەدەبىياتىمىزنىڭ ساتىرا ۋە يۇمۇر ژانىرلىرىنى يۇكسەلدۇرۇشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ توپلامغا سەلەي چاققان ئەينى ۋاقىتتا ئىجات قىلغان، خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ۋە كېيىن ئۇنىڭ نامىدا توقۇلغان لەتىپىلەردىن بىر قىسمى كىرگۇزۇلدى. تولۇق بولماسلىقى، جۇملىدىن توپلاپ رەتلەش، نەشر قىلىشتا بەزى يېتىشسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئى. كىتابخانلارنىڭ كەم تەرەپلىرىنى تولۇقلاپ كېتىشىنى سورايمىز.

# مۇندەرىجە

بەت


خان ھوزۇرىدا ........................... 1
مەندىن قورقىدۇ ..................... 1
ئالىغاي ................................ 3
دۇنيادا ئەڭ سوغۇق نەرسە ............ 4
دىدارىڭىزنى كورۇۋالسۇن ............ 5
سۇئال ـ جاۋاپ ..................... 7
نىمە تاتلىق ........................ 7
دۇئا .................................. 8
ئامبالنىڭ خوتۇنى .................. 8
قاپقان ............................... 9
ھۇركۈيمەن ......................... 11
تۇترۇق ............................. 13
چىشىنى بىلەۋاتىدۇ ................ 14
شەيتان سىزدىن قورقىدۇ ........... 15
چاچقان ئىبلىس قاچتى .............. 15
قازىنىم تۇغۇپ قالدى ............... 16
قىتىق بارمۇ؟ ...................... 16
ئۇنداق قازانغا مۇنداق چومۇچ ........ 18
تەرلىنىش ........................... 19
گىلەمگە ياماغلىق .................... 20
ئىتنى دۇمبالاش .................... 20
ئانىسىنىمۇ دوراپتۇ ................ 21

توغرا يېزىپتىمەن ...... 21
ئېشەك ـ ئېشەكنى كورسە هاڭرايدۇ ...... 23
تويلۇق ...... 24
ئويلۇشۇپ بولمۇدۇم ...... 24
يىلتىزى يوق كوچەت تۇتامدۇ؟ ...... 25
قىل ...... 26
ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ...... 27
قوسۇغۇمنى تويغۇزۇپ كېلەي ...... 27
تاھارەت ئېلىش ...... 28
قۇش باققۇچى ...... 28
دادىلىرىنىڭ ئورنى چوڭ ...... 30
كورپە كويۇپ كەتمىسۇن ...... 31
بوشۇكتىكىلەرمۇ كېلىپ بولسۇن ...... 32
جوزىنىلا راسلاپ بېرىڭ ...... 32
تېرىكچىلىك يولى ...... 33
ئوستەڭدىن قانداق ئوتكەنسەن؟ ...... 34
مۇشۇك يەڭ ...... 35
تاماققا تۇشلۇق دۇئا ...... 35
هاكىمنىڭ ئەقلى ...... 36
مەنمۇ قېچىپ كەتكەن بولاتتىم ...... 36
قوغۇنلۇققا ئوخشايدۇ ...... 37
سىزنى دوراۋاتىدۇ ...... 38
دوزاققا كىرەمدۇ ـ جەننەتكىمۇ؟ ...... 39
ئەشنى بۇزىدۇ ...... 40
باشقا ئىشلارنىمۇ ئورۇنلاپ كېلىش ...... 41
قوغۇن ـ پوغۇن ...... 41

چاچراتقۇ نەدىن چىقتى؟ .................... 43
كوزىڭىزنى داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ .............. 43
هاكىمنىڭ ئالدىغا قۇرۇق بارماڭ............... 45
كېرەك يوق........................... 45
يوبىدان ............................ 47
ئىشەك بار يەردە بىدە بولمىسا بولامدۇ ؟ ......... 48
قوزۇق ............................ 49
پايدىسى بار ......................... 50
راھەت كورگەندە ...................... 50
شەيتان سىزدىن قورقىدۇ .................. 51
هاكىمنىڭ ئالدىغا قۇرۇق بارماڭ ............... 51
كوزا ............................. 52
ئۇگۇت ئاز بولغاچقا .................... 53
بىر تال سامان ....................... 53
نىمە ئامال بار ....................... 54
قورققانغا قوش كورۇنۇپتۇ ................. 55
ئىشتىن يانغىچە كېتىپ قالاي ............... 55

## خان ھوزۇرىدا

خان بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ:

— مانا، مېنىڭ زامانىمدا، قوينىڭ دۇمبىسىدە توغاي ئۈگۈلايدىغان بولدى — دەپ ماختىنىپتۇ.

— راس ئېيتتىلا تەخسىر، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ھەزرەتلىرىنىڭ زامانىدا، توغاي ئۈگۈلاشقا پەقەت قوينىڭ دۇمبىسىلا قالدى.

## مەندىن قورقىدۇ

بىر كۈنى ئامبال سەلەي چاققاننى گەپكە سېلىپ ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆيىگە چاقىرىپتۇ. سەلەي چاققان ئامبالنىڭ ھويلىسىغا ئەمدى قەدەم بېسىشىغا ھويلىدىكى كارۋات ئاستىدا ياتقان ئىت چۇراپ چىقىپ قاۋىغان پېتى سەلەي چاققاننىڭ پۇتىغا ئېسىلىپتۇ. سەلەي چاققان ئەپچىللىك بىلەن ئىتنىڭ تۇمشۇقىغا بىرنى تېپىپتۇ. ئىت يۇمۇلىغان پېتى ئورنىغا كىرىپ " غىڭ " قىلماي يېتىپتۇ.

— ھە، سەلەي، سەلەي دەپ قويساق نىمانچە يوغۇناپ كەتتىڭ؟ — دەپتۇ ئامبال ئاچچىغلىنىپ، — يۈز خاتىرە يوقمۇ، سەن زادى ھېچكىمدىن قورقماسەن ؟!

— قورقىمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

كارۋاتتا ياتقان ئامبال ئۇنىڭ تۈنجى جاۋابىغا قىزىقىپ، ياستۇقتىن گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ:

— ئۇنداقتا كىمدىن قورقىسەن؟

— پاششاپتىن.

ــ پاششاپ كىمدىن قورقىدۇ؟
ــ بەگدىن.
ــ بەگ كىمدىن قورقىدۇ؟
ــ ئامبالدىن .
ئامبالگەپنىڭ ئاخىرى، نەگە بارارکىن، دەپ سوراۋېرىپتۇ:
ــ ئامبال كىمدىن قورقىدۇ؟
ــ ۋاڭدىن.
ــ ۋاڭ كىمد ن قورقىدۇ؟
ــ خاندىن.
ئامبال قىزىپ سوراشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:
ــ خان كىمدىن قورقىدۇ؟
ــ تەتىيىدىن.
ــ تەتەي كىمدىن قورقىدۇ؟
ــ بوراندىن.
ــ بوران نىمىدىن قورقىدۇ؟
ــ ئەسكى تامدىن.
ــ ئەسكى تام نىمىدىن قورقىدۇ؟
ــ چاشقاندىن.
ــ چاشقان نىمىدىن قورقىدۇ؟
ــ موشۇكتىن.
ــ موشۇك نىمىدىن قورقىدۇ؟
ــ ئىتتىن.
ــ ئىت نىمىدىن قورقىدۇ؟
گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، سەلەي چاققان ئالدىرىماي بۇ-

رۇتىنى تولغاپ قويۇپ:

― ئىت مەندىن قورقىدۇ، ― دەپ كارۋات ئاستىنى كور-ستىپتۇ.



## ئالغاي

بىر كۈنى خان قامچىسىنى شىلتاپ سەلەي چاقىقانغا پوپۇزا قىلغان ئىكەن، ئۇنىڭ بىر كوزى قۇيۇلۇپ كەتكىنى تاس قاپتۇ ۋە كېيىن ئالغاي ساقىيىپتۇ. ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ خان سارىيىغا يىغىلغان بەگ ― تۆرىلەر: «سەلەي چاقىقان بولمىسا، سورۇن قىزىمايدۇ» دېيىشىپ ئۇنى چاقىرىپ كېلىشىپتۇ. سەلەي چاقىقان كاتتا سورۇن بولىۋاتقان ئۆيگە كىرىپ، خان-

نىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن ئىككى تە-
رىپىگە سالام بېرىپلا، ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ئىش
كۆڭلىگە كەلگەن خان بىر تەرەپتىن ئۆتكەننى ئەسلىتىپ سە-
لەي چاققانغا ئۆزىنى تونۇتۇپ قويۇش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى
مېھمانلار ئالدىدا مەسخىرە قىلىپ ئابرويىنى تۆكۈش مەقسىتىدە:

— ئالىغاي كىشىنىڭ كۆزىگە بىر نەرسە ئىككى كۆرۈنسە كې-
رەك ـ ھە، سەلەي؟ ـ دەپتۇ.

سەلەي چاققان:

— توغرا ئېيتىلا تەخسىر، ھازىر مېنىڭ كۆزۈمگە ئۆزلىرى
توت ئاياقلىق كۆرۈنىۋاتىلا ،ـ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

## دۇنيادا ئەڭ سوغۇق نەرسە

بىر كۈنى شەھەر ھاكىملىرىدىن بىرى سەلەي چاققانغا خو-
تۇنلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ:

— دۇنيادا ئەڭ سوغۇق نەرسە نىمە دىسە، مېنىڭ چوڭ خو-
تۇنۇمنى كۆرسەتسە بولىدۇ،ـ دەپتۇ.

سەلەي چاققان بۇ گەپنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ.

تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ھېلىقى ھاكىم بەگ ـ تۆرىلەرنى
چايغا چاقىرىپتۇ. مېھمانلار كېلىپ ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا :

—ۋاي ھاكىم، بەك ئۇسساپ كەتتۇق، ئاۋۋال بىزگە ئىچىدىغان
سوغۇق نەرسە ئىلتىپات قىلسىلا، ـ دىيىشىپتۇ.

— ھەي سەلەي، ـ دەپتۇ ھاكىم،ـ ماڭ، ئۆيگە كىرىپ، نىمە
سوغۇق بولسا، مېھمانلارغا شۇنى ئېلىپ چىق!

— خوپ!، — دىگىنىچە سەلەي چاققان سىرتقا يۈگرەپتۇ ۋە بىر پەستىلا قايتىپ كىرىپ:

— تەخسىر ئۆيدىلا ئەمەس، بەلكى دۈنيا بويىچە ئەڭ سوغۇق بىر نەرسە ئېسىمگە كېلىپ قالدى. شۇنى ئېلىپ كىرەيمۇ؟، — دەپ سوراپتۇ.



— ياخشى، ماڭ، چاپسان ئېلىپ كىر، — دەپتۇ هاكىم ۋە مېهمانلارغا قاراپ: — خۇداغا شۈكرى، ئېزىز مېهمانلار ئۈچۈن ئۆيىمىزدە هەممە نەرسە تېپىلىدۇ، — دەپ ماختىنىپتۇ.

شۇ ئارىدا سەلەي چاققان مېهمانلارنىڭ ئالدىغا هاكىمنىڭ پوك خوتۇنىنى باشلاپ كىرىپتۇ.

## دىدارىڭىزنى كۆرۈۋالسۇن

سەلەي چاققانىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن غەزەپلەنگەن ئامبال:

— بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ مەهكىمە تەرەپكە ئالدىڭنى قىلغۇچى بولما!، — دەپ سەلەي چاققانىنى هوزۇرىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتۈپ، ئامبال ئۆز مۇلازىم-
لىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ. يولدا ئۇچرىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا
بېشى يەرگە تەككىچە ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ. كىشىلەر
ئارىسىدا بىر ئادەم ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغان ئىكەن. بۇنى
كورگەن ئامبال ئەجەپلىنىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— نېمە ئادەمسەن، بۇ قانداق قىلىق؟

— بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى مەھكىمە تەرەپكە ئالدىڭنى
قىلغۇچى بولما دىگەنلىرى ئەسلىرىدە بولسا كېرەك، تەخسىر، —
دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سەلەي چاققان. — بۇگۈن ھەزرەتلىرىنىڭ
ئوۋغا چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ دىدارلىرىنى ئارقام بولسىمۇ كو-
رۈۋالسۇن، دەپ بۇ يەردە تۇرغان ئىدىم.



## سوئال - جاۋاپ

خان ئۆزى بىلەن بىر سورۇندا ئولتۇرغان ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى سىناپ كۆرۈش مەقسىدىدە:

— مەن ئىشارەت بىلەن سوئال سورايمەن، كىم جاۋاپ بېرەلەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئولتۇرغانلارنىڭ ھېچبىرى «مەن» دېيىشكە جۈرئەت قىلالماي، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم ئولتۇرۇشۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن سەلەي چاققان بىر يوتۇلۇپ قويۇپ:

— مەن جاۋاپ بېرەي، تەخسىر، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

خان «يۈز نەدىن كېتىدۇ؟» دېمەكچى بولۇپ، يۈزىنى سىلىغان ئىكەن، سەلەي چاققان ئۇنىڭ مەقسىدىنى پەملەپ «گالدىن كېتىدۇ» دېمەكچى بولۇپ گېلىنى سىلاپتۇ. خان «باش نەدىن كېتىدۇ؟» دېمەكچى بولۇپ، بېشىنى سىلىغان ئىكەن، سەلەي چاققان «ئېغىزدىن كېتىدۇ» دېگەندەك قىلىپ ئاغزىنى كۆرسىتىپتۇ. جاۋاپتىن قانائەتلەنگەن خان نائىلاج ئوردا ئەمەلدارلىرىنى ئېيىپلەپ، سەلەي چاققاننى تەرىپلەشكە مەجبۇر بولۇپتۇ.

## نېمە تاتلىق

بىر كۈنى شەھەر ھاكىملىرىدىن بىرى سەلەي چاققاننى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ، ئۇنى سىناش ئۈچۈن:

— بىرلوقما تاماق ئۈچۈن دۇنيادا نېمە تاتلىق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۇخۇم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ، ئۇلار يەنە ئۇۋغا چىقىپتۇ، كې-
تىۋېتىپ ئالدىنقى قېتىم سۇئال سورىغان يەرگە كەلگەندە ھاكىم:
— نىمە بىلەن ؟- دەپ سوراپتۇ. سەلەي چاققان دەرھال:
— تۇز بىلەن.- دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

## دۇئا

شەھەر ھاكىمى «سەلەي چاققاننىڭ دۇئاسىنى ئالغان كىشى خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇپ، كاتتا دولەتكە ئېرىشىدىكەن» دەپ ئاڭلاپ، ئۇنى مەھكىمىگە چاقىرىپتۇ. سەلەي چاققان مەھكىمىگە كىرىپلا قىلۇۋىغا قاراپ :

— خۇدايا پاكا پەرۋەردىگارا، ھەممىنى كورۇپ تۇرۇپسەن، ھەممىگە قادىرسەن، ھازىرلا جەبرائىلنى ئەۋەتىپ ھاكىمنىڭ جېنىنى ئالغايسەن.- دەپ دۇئا قىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ھاكىمنىڭ جان - پېنى چىقىپ:

— بۇ قانداق دۇئا، سەن ماڭا نىمە ئۈچۈن ئولۇم تىلەي - سەن؟- دەپ ۋاقىراپتۇ.

— سەلەي چاققان ھۇدۇقماستىن تازىم قىلىپ:

—ھاكىم جاناپلىرى، بۇ ئالەم تار، ئۇ ئالەم كەڭرى. ئۇزلى-رىنى بالدۇرراق ئۇ ئالەمگە بېرىپ، نىيەت- ئىخپالىرىغا يارىشا دولەت كورسۇن دىدىم.- دەپتۇ.

## ئامبالنىڭ خوتۇنى

سەلەي چاققان يامۇل بېغىنىڭ ئالدىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقاندا، ئىشىك ئالدىدا خىزمەتكارلىرى

بىلەن بىللە تۇرغان ئامبالنىڭ خوتۇنى ئۇنى گەپكە سالماقچى بولۇپ:

— ھەي سەلەي، ئەجەپ تېز مېڭىپسەن، پۇتى كويگەن توخۇدەك، — دەپتۇ.

سەلەي چاققان ئۇنىڭ نىيىتىنى چۈشۈنۈپ:

— ھە، ئىشىككە يولۇنۇپ تۇرۇپ قاپلا سولۇشۇپ قالغان خوخىدەك، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

— ۋىيەي، بۇنىڭ گېپىنى قاراڭلا، بۇرۇتىنى دىڭگايتىۋاپتۇ، جىڭگىدىلىكتىكى شوخىدەك، — دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ئامبالنىڭ خوتۇنى.

— ئالدىراپ ھىڭگايمىسىلا ئۈكلىۋەتكەن چوقىدەك، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— ھەي، نىمانچە بويۇڭ ئۇزۇن، كاردىن چىققان سوقىدەك، — دەپتۇ ئامبالنىڭ خوتۇنى.

— بويۇمنى دىسىلە چىناردەك، بويىنۇمنى دىسىلە يېڭى جۇۋازنىڭ ئوقىدەك، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— چوكچىلىق قىلما، ئەينەككە قارا، كورسىنىسەن خۇددى دوقىدەك، — دەپتۇ ئامبالنىڭ خوتۇنى تېرىكىپ.

— ۋاي خېنىم كىمنى كورسىلە چاپلىشىۋالمىسىلا، كۈرۈك توخىنىڭ پوقىدەك، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

گەپتە سەلەي چاققانغا تەڭ كېلەلمىگەن ئامبالنىڭ خوتۇنى رەللە بولۇپ، ئويگە مېڭىپتۇ، سەلەي چاققان ھېچنىمە بولمىغاندەك بەھوزۇر يولىغا راۋان بولۇپتۇ.

## قاپقان

يۇرت چوڭلىرى قاتناشقان ھەر قانداق سورۇندا، سەلەي چاققان توردە ئولتۇرۇۋالىدىكەن، بۇنىڭدىن ھەسەت قىلىپ يۈرگەن بەگ ـ تورىلەر شەھەر ھاكىمىغا داتلاپتۇ.

نىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ، ئۇ يەردىن ئېتىلىپ چۈشۈپ ئامبالنىڭ باش-كۆزلىرىگە دەسسەپتۇ، ئاندىن ئۆيىنى بىر ئايلىنىپتۇ-دە، ئىشىك-نى چېقىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەن ئامبال:

— مۇشۇنداق ھۆركۈيدىغان ئادەمنى مېنىڭ ئالدىمغا باش-لاپ كىردىڭمۇ ؟، - دەپ يايىنى راسا دۇمبالاپتۇ.



# تۇتروق

بىر سوپى سىرتتىن بەكمۇ تەقۋادار ئادەمدەك كورۇنگىنى بىلەن ئەسلىدە زىناخورلۇقتا ئۇچىغا چىققان ئادەم ئىدى. ئۇ بىر كۇنى جامائەتكە ۋەز ئېيتىپ:

— خالايىق، بۇ دۇنيادا توغرا يولدىن تېيىپ، بۇزۇقچىلىققا بېرىلگەن بەندىلەر ئاخىرەتتە دوزاققا تاشلىنىپ ئازاپ چېكىدۇ...، — دەپتۇ.

— زىناخورلارچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاققان گەپ ئارىلاپ.

سوپى بۇ گەپنىڭ ئوزى بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋىتى يوقتەك پىسەن قىلماي:

— زىناخورلار دوزاق ئوتىدا كويىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

سەلەي چاققان يەنە سوز قىستۇرۇپ:

— ئۇنداق بولسا، ئۇ دۇنياغا ھەممىدىن بۇرۇن ئوزلىرى بارسىلا بولغىدەك، — دەپتۇ.

سوپى تەئەججۇپلىنىپ سوراپتۇ:

— نىمە ئۇچۇن ؟!

سەلەي چاققان ئۇنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ:

— تۇتروق بولمىسا، دوزاقنىڭ ئوتى قانداق يانىدۇ ؟ — دەپتۇ.

# چىشىنى بىلەۋاتىدۇ

يۈز بېشى باشلىق جامائەت ناماز بامداتتىن يېنىپ، خوشنا مەھەللىگە تويغا ئاتلىنىپتۇ . سەپىنىڭ ئالدىدا ئاتلىق كېتىپ بارغان يۈز بېشىنىڭ ئاستىدىكى ئىگە " غىچ، غىچ، غىچ " قىلىپ غەلىتە ئاۋاز چىقىرىپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان يىگىتلەردىن بىرى قىزىقچىلىق قىلىپ:

— يۈز بېشىنىڭ ئارقىسىدا بىر نەرسە سايرايدىغۇ ؟ ،- دەپتۇ .

— يۈز بېشى نەپسى تاقىلداپ، تويدا تارتىلىدىغان گوشلۇك پولۇنى كۆپرەك يېيىش ئۈچۈن چىشىنى بىلەۋاتىدۇ، دەپ ەپ قىستۇرۇپتۇ سەلەي چاققان.



# شەيتان سىزدىن قورقىدۇ

بۇزۇقچىلىقتا ئۇچىغا چىققان بىر كىشى سەلەي چاققانغا هال ئېيتىپ:

— بۇ دۇنيادا ماڭا هېچنەرسە قورقۇنۇچلۇق ئەمەس، پەقەت شەيتان يولۇمدىن ئازدۇرمىسىدى، دەپ ئەندىشە قىلىمەن، — دەپتۇ.

— ئورۇنسىز ئەنسىرىمەڭ بۇرادەر، — دەپتۇ سەلەي چاققان جاۋابەن، — قىلمىش - ئەتمىشلىرىڭىزنى كۆرسە، شەيتانمۇ سىزدىن قورقىدۇ.

# چاشقان ئېلىپ قاچتى

سەلەي چاققان كۈن كەچۈرۈش كويىدا مەھەللىسىدىكى باينىڭ ئۆيىدە چاكار بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، باي پىلىكتە بۇرۇتىنى مايلاپ، نامازغا يىغىلغان جامائەت ئالدىدا:

— بۈگۈن بىزنىڭ خوتۇن ئوخشۇتۇپ پولۇ ئېتىپتىكەن، بىر لىگەن ئاشنى قويماي يېۋەتتىم، — دەپ ماختىنىپتۇ. بۇنداق ماختىنىش ئايدىن - ئايغا، يىلدىن - يىلغا داۋاملىشىپتۇ.

بىر كۈنى باي ئادىتى بويىچە مايلانغان بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ ماختىنىۋاتقاندا، باينىڭ بۇ قىلىغىدىن بىزار بولغان سەلەي چاققان قولىدىكى قۇرۇق لىگەننى تاراڭلىتىپ يەرگە تاشلاپ:

— ئەستەخپۇرۇللا يامان بولدى ...، — دىگىنىچە هويلىدىن يۈگرەپ چىقىپتۇ.

چۆچۈپ كەتكەن باي:

— ھەي سەلەي نېمە بولدى؟، — دەپ سوراپتۇ.
سەلەي چاققان كىشىلەرگە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ:

— باي ئاكا، بۇرۇتلىرىنى مايلايدىغان پىلىكنى چاشقان ئېلىپ قاچتى،— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

## قازىنىم تۇغۇپ قالدى

بىر جازانىخور سەلەي چاققاندىن قازان سوراپ كىرىپتۇ.

— سىزدىن قازان ئايلانسۇن خوشنا، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — بىراق، تۈنۈگۈن ئاخشام قازىنىم تۇغۇپ قالدى، بىر نەچچە كۈن سەۋرى قىلىپ تۇرۇڭ.

— قۇرۇق باھانىڭىزنى قويۇڭ،— دەپتۇ جازانىخور تېرىكىپ،— قازاندىگەنمۇ تۇغامدۇ؟

— ھەي بۇرادەر،— دەپتۇ سەلەي چاققان جاۋابەن، — سىزنىڭ بىر تەڭگىڭىز يىلىغا ئون تىيىن تۇغسا ھېچ گەپ يوق، مېنىڭ قازىنىم ئەل ئۆمرىدە بىر قېتىم تۇغسا نېمە بوپتۇ.

## قېتىق بارمۇ؟

سەلەي چاققان بىر كۈنى ئىشىك ئالدىدىكى دەرەخكە چىقىپ شاخ كېسىۋاتسا، بېخىل باي خوشنىسى تاۋاق كۆتۈرۈپ كېلىپ:

— ۋاي سەلەياخۇن بارمۇ سىلە، كۆرۈنمەي كەتتىلىغۇ؟ ...، — دەپ ئەھۋال سوراپ كېتىپتۇ.

سەلەي چاققان ئۇنىڭ لولىلىغىغا ھەيران بولۇپ قاراپ

تۇرۇپتۇ. باي:

— سەلىياخۇن، يەرگە چۈشسىلە، زورۇر بىر ئىش چىقىپ قالدى، چاپسانراق بولسىلا، — دەپ ئالدىرىتىشقا باشلاپتۇ ۋە سەلەي چاققان يەرگە چۈشكەندىن كېيىن:

— ئۇيلىرىدە قېتىق بارمىدۇ؟ ، — دەپ قاچىسىنى تەڭلەپتۇ. سەلەي چاققان گەپ قىلماي ئۇنى ئىشىك تۇۋىدە قالدۇرۇپ ئۇيگە كىرىپ كېتىپتۇ. باي خېلى ئۇزۇن ساقلاپ ئاخىرى كەلگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. سەلەي چاققان ئۇيىدىن چىقىپ قارىسا، باي دەريانىڭ ئۇ قېتىدا كېتىپ بارغىدەك. سەلەي چاققان قولىنى كوتۇرۇپ:

— ۋاي تەخسىر، قايتىپ كەلسىلە، تېز بولسىلا، — دەپ توۋلاپتۇ.

باي ئارقىسىغا قاراپ «بارايمۇ- بارمايمۇ؟» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇنى كورگەن سەلەي چاققان يەنە توۋلاپتۇ. باي ئاخىرى «شۇنچە ساقلاپ تۇرۇپ قۇرۇق قايتىپ كېتەمدىمەن، نىمە بولسا، شۇ بولسۇن، بىرىپ باقاي» دەپ يېنىپ كەپتۇ. باي ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە سەلەي چاققان:

— ئۇيدە قېتىق يوق ئىدى، ئېيتىپ قويااي دەپ چاقىرغان ئىدىم، — دەپتۇ. باي تېرىكىپ:

— بۇ قانداق گەپ؟ ئادەمنى ساقلىتىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندا چاقىرىپ قېتىق يوقكەن دىگىچە، داشتىلا شۇنداق دىسىلە بولماسمىدى؟ — دەپ رەنجىپتۇ.

— خاپا بولمىسىلا تەخسىر، مېنىمۇ دەرەختىن چۈشۈرمەي تۇرۇپ ئۇيۇمدە قېتىق بار — يوقلىغىنى سورىسىلا بولماسمىدى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

## ئۇنداق قازانغا مۇنداق چومۇچ

سەلەي چاققاننىڭ پىخسىق ئاغىنىلىرىدىن بىرى ئۇنى ئۆيىگە چاقىرىپ، ئالدىغا قوينىڭ كاللىسى بىلەن پاقالچىقىنى ئېلىپ كەپتۇ.

— ئوچاقنىڭ ئوتى پەسلەپ قاپتىكەن، شورپىسى سوۋۇپ قاپتۇ، قېنى، گوشكە ئېغىز تەككۈزۈڭ، — دەپتۇ ئاغىنىسى تەكەللۇپ بىلەن.

سەلەي چاققان بىر تال پاقالچاقنى قولىغا ئېلىپ قارىسا، تېخى ئىسسىقمۇ ئۆتمىگەن ئىكەن. ئۇ بۇ مېھماندارچىلىقنىڭ سىرىنى چۈشۈنۈپ، ئاغىنىسىنىڭ تەكەللۇپلىرىغا قارىماي، قولىنى سۈرتمۇيتىپ ئاچ قوساق ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ سەلەي چاققان ھېلىقى ئاغىنىسىنى ئۆيىگە چاقىرىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا بىر چىنە ئىلمان سۇ كەلتۈرۈپتۇ. ئاغىنىسى چىنىدىكى سۇدىن بىر ئوتلىغاندىن كېيىن:

— سەلىياخۇن، بۇ قانداق تاماق؟، — دەپ سوراپتۇ تەلەتىنى تۈرۈپ.

— بۇ، كاللا - پاقالچاقنىڭ شورپىسى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سەلەي چاققان، — ئۆتكەن قېتىم سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە كاللا-پاقالچاق يېگەن بولساقمۇ، شورپىسىنى ئىچمىگەن ئىدۇق. بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدىمۇ كاللا - پاقالچاق پۇشۇرغان ئىكەن، ئۇنى

بالىلار يەپ شورپىسىلا قاپتۇ. شۇنىڭغا بولسىمۇ ئېغىز تىگەيلى دەپ سىزنى تەكلىپ قىلغان ئىدىم.



## تەرلىنىش

سەلەي چاققانىنىڭ ھەم باي، ھەم بېخىل بىر خوشنىسى بولۇپ، مال - دۇنيا يىغىمەن، دەپ تويغىدەك تاماقمۇ يىمەي، كۇندىن - كۇنگە ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. تىۋىپكە كورۇنگەندىن كېيىن سەلەي چاققانغا ھال ئېيتىپ:

— تىۋىپقا كورۇنسەم، بىرەر مال سويۇپ، تېرىسىدە تەرلىنىڭ دەۋاتىدۇ. قاراپ تۇرۇپ بىر مالنىڭ جېنىغا زامىن بولغۇم كەلمىدى، سىزنىڭچە قانداق قىلسام بولار؟ - دەپتۇ.

— تىۋىپنىڭ بۇيرۇغىنى شۇ بولسا، ئاسان ئىش ئىكەن، - دەپتۇ سەلەي چاققان مەسخىرە قىلىپ، - بىزنىڭ ئۆيدە ئۆتكەن يىلى قۇربان ھېيتتا سويغان بىر قويىنىڭ تېرىسى بار، شۇنىڭدا تەرلىنىۋالسىلا.

## گىلەمگە ياماقلىق

ئۆزىنى قالتىس ھېساۋلايدىغان بىر گەپدان سەلەي چاققاننى گەپتە چۈشۈرۈش ئۈچۈن كېلىپ ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپتۇ. ئۆيدىن 10 ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ.

— داداڭ بارمۇ؟، — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.

— يوق، — دەپتۇ بالا، — نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

— قىرق ھارۋىغا بېسىپ كەلگەن بىر پارچە گىلەم بار ئىدى. داداڭنى سۇ قىلىپ بېرەرمىكىن، دەپ كەلگەن ئىدىم.

— خۇيمۇ ياخشى گەپ بولدى، — دەپتۇ بالا ئۇنىڭ پوچىلىغىنىنى ھېس قىلىپ، — ئۆيدىكى گىلىمىمىزنىڭ بىر بۇرجىگىگە ئوت چاچراپ كېتىپ كۆيۈپ قالغان ئىدى، دادام ياماغلىق ئۈچۈن سىزنىڭكىدەك چوڭراق بىر گىلەم ئىزلەپ بازارغا كەتتى، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان گەپدان سەلەي چاققاننىڭ كىچىككىنە بالىسى شۇنچە چېچەن، سوزمەن تۇرسا، ئۆزىگە گەپ توغرا كەلمىگىدەك دەپ كېتىپ قاپتۇ.

## ئىتنى دومبالاش

بىر كۈنى سەلەي چاققان ئېشىگىنى مىنىپ تويغا كېتىۋاتسا، مەلۇم ھويلىدىن تۇيۇقسىز بىر قارا ئىت چىقىپ، ئالدىنى توسىۋاپتۇ. غەزىۋى ئورلىگەن سەلەي چاققان، ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشۈپ قولىدىكى تايىقى بىلەن ئۇنى راسا ئۇرۇپتۇ. ئىتنىڭ قاتتىق غىڭشىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان يۈز بېشى ئۆيىدىن شاپاشلاپ چىقىپتۇ - دە، سەلەي چاققانغا كايىپ:

— يۇز - خاتىره يوقمۇ، بۇنى شۇنچىلا ئۇرامسەن، - دەپ ۋاقىراپتۇ.

— خاپا بولمىسىلا تەخسىر، - دەپتۇ سەلەي چاققان كۈلۈپ تۇرۇپ، - بۇنىڭ بىلىگە تەككەن تاياقنىڭ سىلىنىڭ باشلىرىنى ئاغرىتىدىغانلىقىنى بىلمەپتىمەن.

## ئانىسىنىمۇ دوراپتۇ

بەگنىڭ ئەركە ناينىاق ئوغلى كوچىدىن ئوتكەن كىشىلەرنىڭ هەممىسىگە تاش، چالما ئاتىدىكەن. بىر كۈنى سەلەي چاققان ئوتۇپ كېتىۋاتسا، ئۇنىڭغىمۇ چالما ئېتىپتۇ. نەپرەتلەنگەن سەلەي چاققان:

— هەي سەن، بەگنىڭ بالىسىغۇ؟ نىمانچە ئەدەپسىزلىك قىلىسەن؟، - دەپتۇ.

— سىنىڭ كارىڭ نىمە؟ يولۇڭغا ماڭ، - دەپتۇ بالا كوزىنى قىسىپ.

— قارا سىنى، داداڭدىن ئادەم ئۇرۇشنىلا ئۆگەندىمىكىن دىسەم، ئاناڭدىن كوز قىسىشنىمۇ ئۆگۈنۈپسەن - دە، - دەپتۇ سەلەي چاققان.

## توغرا يېزىپتىمەن

سەلەي چاققان ئۇستا خەتتات بولغانلىقتىن يۇرت قازىسى ئۇنىڭغا:

— سىز ھوسنىخەتنى ياخشى يازىسىز، مۇنۇ تاختىغا "شەرىئەت مەھكىمىسى" دەپ يېزىپ بېرىڭ، كورگەن كىشى ھەيران قالسۇن، — دەپتۇ.

سەلەي چاققان قولىغا قەلەم ئېلىپ "چوماقچىلار مەھكىمىسى" دەپ يېزىپتۇ. قازى غەزەپلىنىپ سەلەي چاققاننى ئۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. سەلەي چاققان قەددىنى رۇسلاپ، قازىغا ھومۇيۇپ:

— ھەقىقەتەن توغرا يېزىپتىمەن، بۇجاي ئىسمى - جىسمىغا لايىق چوماقچىلار مەھكىمىسى ئىكەن دەپتۇ.



# ئېشەك ـ ئېشەكنى كورسە ھاڭرايدۇ

بىر كۈنى سەلەي چاققان تۇققان يوقلاشقا كېتىۋېتىپ، بېرىس يولدا يۇرتنىڭ بېگى بىلەن ئۇچرۇشۇپ قاپتۇ. بەگ سەلەي چاققاندىن سالام تاما قىلىپ قاراپتۇ. سەلەي چاققاننىڭ ئېشىكى بەككە قاراپ ھاڭراپتۇ. بەگنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ:

ـ ھەي سەلەي، ئېشىكىڭ نېمە ئۈچۈن ماڭا قاراپ ھاڭرايدۇ؟ ـ دەپ ۋاقىراپتۇ.

ـ ھۆرمەتلىك بېگىم، ـ دەپتۇ سەلەي چاققان بەككە قاراپ، ـ بۇنىڭغا ھەيران قالمىسىلا، ئېشەك ـ ئېشەكنى كورسە ھاڭرايدۇ.



## تويلۇق

يەل - يەمىش شىرنە باغلىغان ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ، سەلەي چاققان قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ "تويلۇق شەرتىنى ئادا قىلسام" دىگىنىچە قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئاغى قىلىپ:

- قىزىمىز ئۈچۈن كەمچەت تۇماق ، خۇرۇم ئۆتۈك، ئالتۇن بىلەيزۈك تەييارلاڭ، توي چىقىمى مىڭ تەڭگىدىن كەم بولسا، بولمايدۇ، - دەپتۇ. سەلەي چاققان :

- ئۇنداق بولسا، ئىش مۇنداق بولسۇن: مەن قىزلىرىڭغا بىر تىيىنلىكمۇ شەرت قويماي، قىزلىرى مېنى ئالسۇن!، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

## ئۆيلاپ بولمۇدۇم

سەلەي چاققان بىلەن خوشنىسى ئوتتۇرىسىدا ئۆي دەۋاسى تۇغۇلۇپ، شەرىئەتكە ئەرز سۇنۇپتۇ. قازاخۇنۇم ئەرزنىڭ باش-ئايىغىنى كورۇپلا:

- سىز قايتىپ تۇرۇڭ، بىز قازى - كالانلار جەم بولۇپ، بۇ ئىشنى ئويلۇشۇپ كورەيلى، - دەپتۇ.

سەلەي چاققان گەپ قىلماستىن قايتىپ چىقىپتۇ. ئەتىسى بارسا، " تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ تېخى بىر نەرسە دىيىشمىدۇق " دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇ خىل جاۋاپ بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن سەلەي چاققان بۇ ئىشنى سۇلىمەي تاشلىۋېتىپتۇ. بىر كۈنى سەلەي چاققاننىڭ دوستى ئۆيىگە مېھمان چاقىرىپتۇ.

سەلەي چاقھان باشقا مېھمانلار بىلەن كورۇشۇپ، ھېلىقى قازاخۇ-نۇم بىلەن كورۇشمەپتۇ. قازاخۇنۇم ئۇڭايسىزلىنىپ:

— ھە، سەلەي ئاخۇن نىمە ئۇچۇن ھەممەيلەن بىلەن كو - رۇشۇپ، مەن بىلەن كورۇشمەيسىز، رەنجىپ قالدىڭىزمۇ - يە؟، - دەپ سوراپتۇ.

— يوقسۇن تەخسىر، نىمىدىن رەنجىيتىم، پەقەت ئوزلىرى بىلەن كورۇشۇشنى تېخى ئويلاپ بولالمىدىم ، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سەلەي چاقھان .

## يىلتىزى يوق كوچەت تۇتامدۇ ؟

سەلەي چاقھانىنىڭ مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر قىمار - ۋاز دائىم ئۇنى گەپتە چۇشۇرۇشكە ئۇرۇنىدىكەن . سەلەي چاق - ھان بىر كۇنى بازاردىن قايتىۋېتىپ ئەسكى تاملىق ھويلىدا بىر توپ قىمارۋازلارنىڭ قىمار ئويناۋاتقانلىغىنى كورۇپتۇ . ئۇلار - نىڭ ئارىسىدا ھېلىقى قىمارۋازمۇ بار ئىكەن، ئۇ " دەتتىكەم " دەپ قولىدىكى ھوشۇقلارنى ئېتىپتۇ - دە ، " ئۇتتۇم ! " دەپ ۋاقىراپ ، تاۋكادىكى پۇللارنىڭ ئۇستىگە ئوزىنى تاشلاپتۇ .

— چۇ چۇشتى ، چۇ چۇشتى ! - قىمارۋازلار ئاللا - چۇ - قان كوتىرىپ ئۇنىڭ قولىدىكى پۇلنى تارتىۋاپتۇ ۋە بولۇشىغا كۇلۇپ مەسخىرە قىلىشىپتۇ . ئىزا تارتىپ پوكانىدەك قىزىرىپ كەتكەن قىمارۋاز پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ .

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئوتۇپ، سەلەي چاقھان ئىشىك ئال-

دىدىكى ئېرىق بويىغا جىرىم تىكمەكچى بولۇپ قەلەمچە كې-
سىشكە باشلاپتۇ . ھېلىقى قىمارۋاز يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ :
—ھە ، سەلەي ئاخۇن ، يىلتىزى يوق كوچەتمۇ ئۈنەمدۇ؟-
دەپتۇ مازاقلاپ كۈلۈپ . سەلەي چاققان :
—بۇرادەر ، ھوشۇق چۈشسىمۇ ئۈنەمدۇ ؟، - دېگەن،
قىمارۋازنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ ، ئاستا كېتىپ قاپتۇ .

## قىل

سەلەي چاققاننىڭ گەيجاڭ ئاغىنىسى دائىم كىچىك ئىش-لارنى يوغىنىتىپ ، بىگىنا كىشىلەرنى شەنگەن ياماۇلغا چېقىپ تۇرىدىكەن ، سەلەي چاققان ئۇنىڭ بۇ قىلىغىدىن تولىمۇ نەپ-رەتلىنىدىكەن . بىر كۈنى گەيجاڭ سەلەي چاققاننى ئۆيىگە چا-قىرىپ ، غاز گۆشى بىلەن مېھمان قىپتۇ . سەلەي چاققان تەخ-سىدىكى بىر تال قىلنى كۆرۈپ ، گۆشنى يېمەي ئولتۇرۇپتۇ.
— نىمىشقا يېمەيسىز ؟ ، - دەپ سوراپتۇ گەيجاڭ ھەيران بولۇپ .
—بۇرادەر ماۋۇ نېمە ؟ ، - دەپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ سەلەي چاققان تەخسىنى كۆرسىتىپ .
گەيجاڭ كۆز ئەينىكىنى تاقاپ ، تەخسىگە سىنچىلاپ قا-رىغاندىن كېيىن :
—قىل ، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ .
—يا ھەزرەت ، - دەپتۇ سەلەي چاققان مەنىلىك كۈلۈپ،-
سىز دائىم قىلنى پىل دەيتتىڭىز ، بۇ دورەم راست گەپ قىلدىڭىز .

## ئاسانلىق توغدۇرۇپ بېرىش

سەلەي چاققان بىر كۈنى دۇككانغا كىرىپ 5 جىڭ شىكەر ئاپتۇ. دۇككانچى شىكەرنى كەم تارتىپ قەغەزگە ئوراپ بېرىپتۇ. بۇنى كورۇپ قالغان سەلەي چاققان :

— بەرگەن شىكىرىڭىز 5 جىڭ كەلمەيدىغۇ ؟ بۇ ، نىمە قىلغىنىڭىز ؟ ، — دەپ سوراپتۇ .

— يەڭگىلرەك بولسا ، ئاسان ئېلىپ كېتىسىز ، مەن سىزگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردىم. — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ دۇككانچى .

سەلەي چاققان شىكەرنىڭ پۇلىنى پۈكەي ئۈستىگە قويۇپلا مېڭىپتۇ . ئۇ تېخى بوسۇغىغا بارمايلا دۇككانچى تووۋلاپتۇ :

— هەي يولداش ، بەرگەن پۇلىڭىز كەمغۇ ؟

— مەنمۇ سىزنىڭ سانىشىڭىزغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن پۇلنى ئازراق بەردىم. — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## قوسىقىمنى تويغۇزۇپ كېلەي

بىر كۈنى سەلەي چاققان تاماق يېيىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپ ئۇزاق كۈتۈپتۇ . تاماق كەلمەپتۇ . سەلەي چاققان بولالماي ئويىگە كەتمەكچى بولۇپتۇ . تاڭجاڭ :

— سەلەي ئاخۇن تاماق يىمەي قايتىپ كېتەملا ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— بۇ ئاشخانىغا ئۇقماستىن كىرىپ قاپتىمەن ، ئاۋال ئويگە بېرىپ ، قوسىقىمنى تويغۇزۇپ كەلسەم بولغىدەك ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سەلەي چاققان .

## تاھارەت ئېلىش

سەلەي چاققان بىر كۈنى جۈمە نامىزىغا تاھارەت ئېلىۋاتقان كىشىلەرنى ئارىلاپ، تونۇش بىر ئادەمنىڭ يېنىغا كەپتۇ-دە:

—ساۋاپلىق ئۈچۈن ماڭىمۇ قوشۇپ تاھارەت ئېلىپ قويسىڭىز، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

—كىشىنىڭ تاھارىتىمدە ناماز ئوقۇسىڭىز دۇرۇس بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.

—تاھارەت ئېلىشنى بىلمەيتتىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان ئۇنىڭ قولىغا يېپىشىۋېلىپ.

—تاھارەت ئېلىشنىمۇ بىلمەيدىغان ئادەم قانداق قىلىپ مەزۇن بولۇپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.

—توۋلىغان ئەزانلىرىم ئىمامنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن. — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

## قۇش باققۇچى

بىر كۈنى سەلەي چاققان كوچىدا باي ھەيدەپ چىقارغان بىر دەرتمەن قۇش باققۇچى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئېچىنىپتۇ. شۇ ئارىدا باينىڭ بازارغا قۇش باققۇچى ئىزدەپ چىققانلىقى خەۋىرى ئاڭلىنىپتۇ. سەلەي چاققان باينىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

—ھە، نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ باي.

—مەن بىر يېتىم، قۇش باققۇچى، — سەلەي چاققان جاۋاپ بېرىپ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

باي مۇنداق مۇلايىم، يوۋاش قۇش باققۇچىنىڭ ئۇرچاپ قالغانلىقىغا خوشال بولۇپ، ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئەتىسى باي ئېتىغا مىنىۋېتىپ:

—سەلەي، مەن تويغا كەتتىم، قۇشقا ئوبدان قارا، ئاچ قالمىسۇن، — دەپ جىكىلەپتۇ. سەلەي چاققان باينىڭ ئېيتقانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. باي تويدىن قايتىپ، ئاتتىن چۈشمەيلا قۇشنى يوقلاپ مەمنۇن بولۇپتۇ.

باي بىر ھەپتىدىن كېيىن، سەلەي چاققان بىلەن ئوۋغا چىقماقچى بولۇپ:

—ئاتقا مىن، خورجۇن سال، قۇشنى كوتەر، مەن ئالدىڭدا ماڭىمەن، ئوۋ ئۇچرىسا توۋلايمەن، توۋلىشىم بىلەنلا قۇشنى سالىسەن، — دەپتۇ.

ئۇلار جاڭگالغا بارغاندىن كېيىن، باي بىر توپ چوڭ دەرەخنىڭ كەينىگە ئوتۇپ «سال» دەپ توۋلاپتۇ. سەلەي چاققان قۇشنى پۈكلەپ خورجۇنغا ساپتۇ. باي قۇش كورۈنمىگەندىن كېيىن يەنە «سال» دەپ ۋاقىراپتۇ.

—خاتىرجەم بولسىلا، قۇشنى سېلىپ بولدۇم، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— نەگە سالدىڭ؟!.

— خورجۇنغا.

—خورجۇنغا؟!... ھاماقەت، — دەپتۇ باي جىلى بولۇپ

ۋە پايپاسلاپ كېلىپ قارىسا قۇش ئاللىقاچان ئۇلۇپ قاپتۇ ،
سەلەي چاققان يولىغا راۋان بوپتۇ.



## دادىللىرىنىڭ ئورنى چوڭ

بۇنىڭدىن خېلى يىللار بۇرۇن ھېيتكار جامەدە بىر بولۇك تالىپلار ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئوقۇش پۈتتۈرۈپتۇ . مۇدەررىس ئۇلارنىڭ ھەم ياخشى ئوقىغان ھەم يېشى چوڭراقلىرىنى ئادەت- تىكى ئەمەلگە ، ياخشى ئوقىمىغان ھەم يېشى كىچىكرەكلىرىنى مۇھىم مەنسەپلەرگە قويۇپتۇ . بۇ ئىش ئاڭلىغانلارنى ھەيران قالدۇرۇپ ، غۇلغۇلا قوزغاپتۇ :

— مۇدەررىس نېمە ئۈچۈن قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان كى-

چىك تالىپلارنى شۇنچە چوڭ مەنسەپكە قويىدىغاندۇ؟- دېيىشىپتۇ جامائەت.

— بۇرادەرلەر ھەيران قالماڭلار،- دەپتۇ سەلەي چاققان ئوتتۇرىغا چىقىپ.- بىز تالىپلارنىڭ ئۆزى كىچىك بولغان بىلەن دادىلىرىنىڭ ئورنى چوڭ - دە!

## كورپە كۆيۈپ كەتمىسۇن

سەلەي چاققان كۈناھەرنىڭ بىرىدە، مېھماندارچىلىققا بېرىپ، بەگ بىلەن بىر دوستىخاندا ئولتۇرۇپتۇ. ئاچكۆز بەگ قىزىق شويلىنى ئالدىراپ يەپ گېلىنى كۆيدۈرۈپ قويۇپتۇ. نەپرەتلەنگەن سەلەي چاققان، بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ تېپىرلاۋاتقاندا، ئالدىدىكى بىر چەينەك سوغۇق چاينى ئېلىپ، بەگنىڭ ئاستىدىكى كورپىگە قۇيۇپتۇ.



— سەلەي ئاخۇن، بۇ نېمە قىلىق؟ - دەپ كايىپتۇ بەگ:

ــ بىگىم،ـ دەپتۇ سەلەيچاققان،ـ قىزنىق شويلا يەپ گال ـ
لىرى كويۇپ قالدى ، ھېلى ئۇ ئارقىلىرىدىن چىقىپ كورپىنىـ
مۇ كويدۇرۇۋەتمىسۇن ، دەپ چاي توكۇۋەتتىم .

## بوشۇكتىكىلەرمۇ كېلىپ بولسۇن

سەلەي چاققان قىزىنى ياتلىق قىلماقچى بولۇپتۇ ، توي بولۇشتىن بىر كۇن بۇرۇن نىكا پاتىھەسىگە مېھمانلار كېلىشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى ئويى ۋە ھويلىسى مېھمان بىلەن لىق تولۇپتۇ . لېكىن ئۇزۇنغىچە دوستىخان سېلىنماپتۇ . شۇ ئارىدا توي ئىشىغا قۇدا تەرەپتىن ئارىلاشقان بىرەيلەن :

ــ سەلەي ئاخۇن ، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولدى، قېنى دوستىخان سالمايلىمۇ؟ ،ـ دەپ سوراپتۇ.

ــ سەۋرى قىلىپ تۇرۇشسىلا ، قۇدامنىڭ بوشۇكتىكى بالاـ چاقىلىرى تېخى كېلىپ بولالمىدى . ـ دەپتۇ سەلەي چاققان.

## جوزىغىلا راسلاپ بېرىڭ

بىر كۇنى سەلەي چاققان تاماق يېيىش ئۇچۇن ئاشخانىغا كىرىپ بىر تەخسە سەي بىلەن لەغمەن بۇيرۇپتۇ . تاغجاڭ ئال ـ دى بىلەن سەينى ئېلىپ كەپتۇ . تەخسىنىڭ يۇزى ياپىلاق، جوـ زا مايماق بولغانلىقتىن سەينىڭ سۇيى پۇتۇنلەي ساقىپ تۇگەپ كېتىپتۇ . سەلەي چاققان تاغجاڭنى چاقىرىپ :

– بۇرادەر ، لەغمەننى تەخسىگە سېلىپ ئاۋارە بولماي، سىراقلا جوزىنىڭ ئۈستىگە راسلاپ بېرىڭ دەپتۇ .



## تېرىكچىلىك يولى

تامنى يولەپ ئولتۇرغان بىر ھورۇن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سەلەي چاققاننى كۆرۈپ :

– سەلەي ئاخۇن نەگە ماڭلا ؟ – دەپ سوراپتۇ .

– تېرىكچىلىك بىلەن ، ئىشقا كېتىۋاتىمەن،– دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سەلەي چاققان . ھورۇن كىشى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

– ئۇزۇندىن بۇيان تېرىكچىلىك يولىنى تاپالماي، جېنىمدىن جاق تويغان ئىدىم ، شۇ يولنى ماڭا كۆرسۈتۈپ قويسىلا ئىكەن.– دەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. سەلەي چاققان كۈلۈپ كېتىپ:

— مېنىڭ كېتىپ بارغىنىم تېرىكچىلىك يولى، ئارقامدىن ماڭسىلا. — دەپتۇ.

ھورۇن كىشى سەلەي چاققاننىڭ كەينىدىن يۈگرەپتۇ.

## ئۆستەڭدىن قانداق ئۆتكەنسەن

سەلەي چاققان بىر كۈنى بەگنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، چايغا داخىل بولۇپ قاپتۇ. ساھىپخان دوستىخان سېلىپ باشقىلارنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە خون توقاچ، سەلەي چاققاننىڭ ئالدىغا بولسا تۆت زاغرا قويۇپتۇ. سەلەي چاققان زاغرىنى قولىغا ئېلىپ:

— ھەي زاغرا، مەن يولغا چىققاندا، سەن ئۆيدە قالغان ئىدىڭ، مەنغۇ ئۆستەڭدىن ئېشەك بىلەن ئۆتتۈم، سەن قانداق ئۆتكەنسەن، بەگنىڭ ئىلتىپاتىدا بىر - بىرىمىزدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايدىكەنمىز- دە... — دەپتۇ.



## مۇشۇك يەڭ

بىر كىشى سەلەي چاققاندىن :

— ئاخشام ئاغزىمدىن بىر چاشقان كىرىپ كېتىپ چۈشەپ قاپتىكەنمەن، بۈگۈن ناھايىتى بىئارام بولىۋاتىمەن، قانداق قىلسام بولار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۇشۇك يەڭ ، ئۇ چاشقاننى يېۋەتسە ، كۆڭلىڭىز ئارام تاپىدۇ. — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سەلەي چاققان .

## تاماققا تۇشلۇق دۇئا

بىر كۈنى سەلەي چاققان بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە ئىش بىلەن بېرىپ قاپتۇ . ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمانلار بار ئىكەن . ئۆي ئىگىسى " چاقىرمىغان مېھمان " دىگەن خىيال بىلەن يېرىم چىنە ئاش ئېلىپ كەپتۇ .

تاماقتىن كېيىن مېھمانلار سەلەي چاققاننى دۇئا قىلىشقا تەكلىپ قىپتۇ. سەلەي چاققان دۇئانى قىسقىلا قىلىپ تۈگۈتۈپتۇ . مېھمانلاردىن بىرى بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ:

— سەلەي ئاخۇن دۇئانى بەك قىسقا قىلدىڭىزغۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يېگەن تاماققا تۇشلۇق — تە!... — دەپتۇ سەلەي چاققان جاۋابەن .

## هاكىمنىڭ ئەقلى

سەلەي چاققان شەھەر هاكىمىنىڭ هوزۇرىدا ئىشلەپ يۈر-
گەن كۈنلەردە ، بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭدىن :

— يۇرت چوڭلىرى هاكىمنى بەك ماختىشىدۇ، ئېيتىمىغا ،
ئۇنىڭ مۇنچە ماختىغىدەك ئەقلى قانچىلىك ؟ - دەپ سوراپتۇ.

— كورمىدىڭىزمۇ ؟ ، - دەپتۇ سەلەي چاققان جاۋابەن ،-
ئۇنىڭ ئەقلى كوپ بولغاچقا بېشىغا پاتماي ، قوسىغىغا چۇ -
شۇۋاپتۇ .

## مەنمۇ قېچىپ كەتكەن بولاتتىم

مەھەللىدىكى بىكار تەلەپلەردىن بىر نەچچىسى " راۋاپ
ئاڭلايمىز " دىگەن بانا بىلەن سەلەي چاققاننىڭ ئويىگە تولا
كېلىشىۋېلىپ ، ئۇنى بەكمۇ زېرىكتۇرۇۋېتىپتۇ .

ئۇلار بىر كۈنى يەنە كەلگەن ئىكەن ، سەلەي
چاققان :

— باللارنىڭ ئانىسى بۈگۈن هامىسىنى يوقلاشقا كەتكەن
ئىدى ، سىلەرنى مېهمان قىلالمايدىغان بولدۇم . - دەپ ئۆزرە
ئېيتىپتۇ .

— خوتۇنىڭىزنى قەستەن قاچۇرۇۋېتىپسىز - دە ، دەپتۇ
ئۇلاردىن بىرى بېزەڭلىك بىلەن .

— بۇرادەر ، — دەپتۇ سەلەي چاققان ، — مېھمان دېگەن مېھماندەك بولغىنى ياخشى ، ئەگەر سىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىڭلار-نى بىلسەم ، ئۆزەممۇ قېچىپ كەتكەن بولاتتىم .

## قوغۇنلۇققا ئوخشايدۇ

سەلەي چاققان ئاغرىپ قاپتۇ ، خوشنىسىنىڭ ئوغلى ئۇنى يوقلاپ كىرىپتۇ .

— تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان نۇرغۇن ئارزۇلىرىم بار ئىدى ، — دەپتۇ سەلەي چاققان يىغلىغىنىچە ھال ئېيتىپ ، — مۇشۇ ياتقانچە ئورنۇمدىن تۇرالماسلىقىمدىن ئەنسىرەيمەن .

— ياشلىرى ئاتمىشتىن ئېشىپتۇ ، يەيدىغانلىرىنى يەپ ، كىيىدىغانلىرىنى كىيىپ بوللا ، خۇددى پىشىپ قالغان قوغۇنغا ئوخشايلا ، قوغۇنلۇققا كىرگەن ئادەم ئالدى بىلەن پىشقىنىنى ئۈزىدۇ . تەقدىرگە تەن بەرسىلە ، — دەپتۇ يىگىت .

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ، سەلەي چاققان ساقىيىپ ھېلقى يىگىت ئاغرىپ قاپتۇ . سەلەي چاققان يوقلاپ كىرسە ، يىگىت زارلىنىپ :

—ئون گۈلۈمنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان ئىدى ، دۇنيانىڭ ھېچبىر خۇشلىقىنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسەم ، قانداق قىلارمەن؟، — دەپتۇ .

– هەي ئۇكام ئورۇنسىز ياش توكمە ، بۇ ئالەم قوغۇنلۇققا ئوخشايدۇ ، قوغۇنلۇققا ئوغرى كىرسە ، پىشقىنىنىمۇ ، توكىنىمۇ ئۈزىدۇ ، بۇنىڭغا نىمە ئامال ؟ ، – دەپتۇ سەلەي چاققان .



## سىزنى دوراۋاتىدۇ

بىر كۈنى سەلەي چاققان ئېغىر يۇك ئارتىلغان ئېشىكىنى، ھەيدەپ كېلىۋاتسا ، ھاكىمنىڭ ئويىدىكى زىيا پەتتىن مەس قايتقان يۇرت بېگى ئۇچراپ قاپتۇ .

— سەلەي ئاخۇن ، ئېشەكىڭلار ماڭالماي ، دەلدەڭشىپ قاپتىغۇ ؟ ، — دەپتۇ بەگ ھەجىيىپ .

سەلەي چاققان دەل جاۋاپ قىلىپ :

— ئۇزلىرىنى دوراۋاتقان ئوخشايدۇ ، بېگىم ، — دەپتۇ .



## دەۋزاققا كىرەمدۇ — جەننەتكىمۇ ؟

بىر كىشى سەلەي چاققاندىن :

— جازانىخورلار دەۋزاققا كىرەمدۇ — جەننەتكىمۇ ؟ ، — دەپ سوراپتۇ .

سەلەي چاققان بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ :

— مېنىڭچە ئۇلار پايدىغا قارايدۇ، ئەگەر بىرەرسى "دەۋزاقتا پايدا بار ئىكەن" دېسە، جەننەتكە قارىماي دەۋزاققا چاپىدۇ.

## ئىشنى بۇزىدۇ

سەلەي چاققاننىڭ تونۇشلىرىدىن بىرى ئازنە مەسچىتكە ئىمام بولۇپتۇ. ئۇ، سەللىسىنى شۇنچە چىڭ يوگىگەن بولسىمۇ، كۆلاسى چوڭ كەلگەنلىكتىن بېشىدا تۇرماي سەجدىگە باش قويۇشى بىلەن تەڭ چۈشۈپ كېتىپ نامازنى بۇزىۋېتىپتۇ.

— ئىمام ئاخۇنۇم، سەللىلىرى بوش يوگۇلۇپ قالغانمۇ نىمە؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاققان.

— ياق، سەللە چىڭ يوگەلگەن، كۆلا بېشىمدا تۇرمايۋاتىدۇ. — دەپتۇ ئىمام.

— باش كۆلا بىلەن سەللىگە لايىق بولمىسا، ئىشنى بۇزۇدۇ. — دەپتۇ سەلەي چاققان.



## باشقا ئىشلارنىمۇ ئورۇنلاپ كېلىش

ھاكىم بىر كۈنى سەلەي چاققانغا كايىپ :

ــ سىنى بىر ئىشقا بۇيرۇسا ، شۇنىلا قىلىسەن، مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلارنىمۇ بىرلىكتە ئورۇنلاپ، يولنى ئازراق مېڭىشنى بىلمەيسەن ! ، ـ دەپتۇ .

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ ھاكىم ئاغرىپ قاپتۇ . ئۇ ، سەلەي چاققاننى ئالدىغا چاقىرىپ :

ــ تىۋىپ باشلاپ كەل ، ـ دەپ بۇيرۇپتۇ .

سەلەي چاققان تىۋىپ بىلەن بىللە مەسچىتنىڭ جىنازا ، تاختىرۋان ، ئىمام ، مەزىن ۋە قەۋمىلىرىنىمۇ ئېلىپ كەپتۇ . ھاكىم غەزەپلىنىپ :

ــ مەن سېنى تىۋىپ چاقىرىپ كەل دېسەم ، بۇ نېمە غەۋغا ؟ ! ، ـ دەپ سوراپتۇ .

ــ تەخسىر ، ئەسلىردە بولسا كېرەك ، ئۆتكەندە ، " بىر ئىشقا بۇيرۇسام ، شۇنىلا قىلماي ، مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلارنىمۇ بىرگە ئورۇنلاپ كەل"ـ دېگەن ئىدىلە ، شۇڭا بۇگۈن تىۋىپنىڭ دورىسى شىپا بولماي ، قازا يېتىپ قالسا ، يەنە يۈگرەپ يۈرمەي دەپ ، ھەممىنى بىر يولىلا تەق قىلدىم . ـ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ .

## قوغۇن - پوغۇن

سەلەي چاققان تازا ئىشلەپ قوغۇن تېرىغان ئىكەن، بەكمۇ ئوخشاپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان ئاچكوز بەگ دوغا ـ پايىلىرىنى باشلاپ كەپتۇ . سەلەي چاققان ئۇلارنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ يولغا

سىلىنىۋېتىمىش ئۇچۇن ھەر خىل قوغۇندىن بىر نەچچىنى ئۈزۈپ، ئارقا - ئارقىدىن يېچىپتۇ. بەگ ۋە ئۇنىڭ ھەم تاۋاقلىرى قوغۇننى چالا - پۇلا يەپلا تاشلىۋېتىپ، قوغۇنلۇققا قاراۋېرىپتۇ. سەلەي چاققان شۇ زامان قوغۇنلۇققا كىرىپ، بىر نەچچە كاۋا ئۈزۈپ چىقىپتۇ - دە، يېچىشقا باشلاپتۇ. بەگ:

— بۇ نىمە قىلىق؟ - دەپ تىركىپتۇ.

— ھېلى ئۆزلىرى، « قوغۇن - پوغۇن يەپ كېتەيلى، دەپ كەلدۇق » دىگەن ئىدىلە، قوغۇننىمۇ يېيىشىلە، ئەمدى پوغۇن يېچىۋاتىمەن. - دەپتۇ سەلەي چاققان.



## چاچراتقۇ نەدىن چىقتى

سەلەي چاققاننىڭ مېنىپ يۈرگەن ئېتى كېسەل بولۇپ قېلىپ، بىر قۇرئەندازغا كىتاپ ئاچقۇزۇپتۇ. قۇرئەنداز:

— ئېتىڭىزغا بىرسى قەست قىلغاندەك تۇرىدۇ، يۇقۇرقى مەھەللىدىكى بۇۋىگە چاچراتقۇ سالغۇزۇپ بېقىڭ، ئاندىن مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭ، شۇ چاغدا ئېتىڭىز ساقىيىدۇ. - دەپتۇ. ئەسلىدە قۇرئەنداز بىلەن بۇۋى تىل بىرىكتۈرۈپ، كىشىلەرنى ئالداپ قاقتى - سوقتى قىلىپ يۈرگەن ئىكەن.

سەلەي چاققان ئۆيىگە بارسا، ئاتنىڭ ھالى خاراپ، پېچاققا ئاران ئۈلگۈرۈپتۇ. ئۇ، ئاتنى سويۇپ پارچىلاپ گۆشنى خولۇم - خوشنىلىرىغا خامتىراچ قىلىپ بېرىپتۇ. شۇ كۈنى پېشىمدىن قايىتقاندا، قۇرئەنداز سەلەي چاققاننى كۆرۈپ:

— چاچراتقۇ سالدۇردىڭىزمۇ، ئۇ نەدىن چىقتى؟ - دەپ سوراپتۇ.

— سالدۇردۇم تەقسىر، چاچراتقۇ چاچراتقۇلىقتىن چىقتى، ئاتنىڭ بويىنى ئاجراتقۇلىقتىن، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

## كۆزىڭىزنى داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ

سەلەي چاققان تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قوسىغى ئاغرىپ قالغان بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

— ئەتىگەن نېمە يېگەن ئىدىڭىز؟ - دەپ سوراپتۇ سەلەي چاققان ئۇنىڭدىن.

— خوشنىمىز قوغۇن ۋاشاڭ قىلغان ئىكەن ، تـوك سـويما يىگەن ئىدىم . — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ كېسەل كىشى .

سەلەي چاققان ئۇنىڭ كوزىگە بىر خىل مـايىلىق دورىـنى سۇرتۇپ قويۇپتۇ .

— كوزۇم ئەمەس ، قوسىغىم ئاغرىۋاتىدۇ ، — دەپتۇ ھېلقى كىشى ھەيران بولۇپ .

— قوسىغىڭىزنى ساقايتىش ئۇچۇن كوزىڭىـزنى داۋالاشـقا توغرا كېلىدىكەن ، — دەپتۇ سەلەي چاققان ، — چۇنكى كوزىڭىز رۇشەنلەشسە ، زىيان قىلىدىغان نەرسىلەرنى يىمەيدىغان بولىسىز .



## هاكىمنىڭ ئالدىغا قوروق بارماڭ

كەمبەغەل يېزىلىقلىرىدىن بىرى سەلەي چاققاننىڭ ئالدىغا هال ئېيتىپ كەپتۇ :

— نەچچە يىلدىن بىرى ئۆز ئەھۋالىم توغرۇلۇق هاكىمنىڭ دەرۋازىسىنى تولا قېقىپ ، هېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىدىم. توغرا مەسلىھەت كورسىتەر مىكىن ، دەپ ئالدىڭىزغا كەلدىم .

سەلەي چاققان بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن :

— ئۇنداق بولسا ، هاكىمنىڭ ئالدىغا قۇرۇق بارماڭ . — دەپتۇ .

## كېرەك يوق

سەلەي چاققان خان هوزۇرىغا كىرىپ - چىقىپ يۈرگەن چاغلىرىدا ، دوستىيا - ئاغىينىلىرى كۈندىن - كۈنگە كوپىيىۋېپتۇ . بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر تالىپ بار ئىكەن . ئۇ خان ئوردىسىدىن ئۆزىگە بىرەر خىزمەت تەگىشنى تەمە قىلىپ سەلەي چاققاننى كۈندە يوقلاپ ، ئىخلاسمەنلىك بىلدۈرۈدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خان سەلەي چاققاننى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ . بىر كۈنى ، پىيادە كېلىۋاتقان سەلەي چاققان ، ئېشەك مىنىپ كېلىۋاتقان ھېلىقى تالىپ بىلەن ئۇچرۇشۇپ قاپتۇ . تالىپ ئۇنىڭ سالىمىنى ئاران ئېلىك ئاپتۇ - دە :

— ئەپۇ قىلىڭ ، ئالدىراپ قېلىپ ئېشەكتىن چۈشەلمىدىم.- دەپتۇ .

— كېرەك يوق ، - دەپتۇ سەلەي چاققان ، - مەن يەنە ئوردىغا بېرىپ خىزمەت قىلغاندا ، چۈشمەي قويماي سىز !



# يوبدان

هاكىم بىر جۈمە كۈنى جاماھەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن ۋەز ئېيتىپ:

— ئى ئەھلى جاماھەت، مەن بۇندىن كېيىن سىلەر بىلەن جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولىمەن، رىيازەتنى بىللە چېكىمەن، — دەپ ۋەدە قىپتۇ.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپتۇ. ئۇ، مەھكىمىدە خىزمەت قىلىۋاتقان سەلەي چاققاننى چاقىرىپ:

— قويىنىڭ دۈمبە يېغىدىن ئېتىلگەن ئاش - مانتۇ تەييارلاتتۇرۇپ ئەكىر، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

خېلى ۋاقىتتىن كېيىن سەلەي چاققان بىر ھىجىر يوبداننى هاكىمنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچقان هاكىم:

— ئاش - مانتۇ بۇيرىسام، نىمە ئۈچۈن يوبدان ئەكىردىڭ؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ.

سەلەي چاققان:

— تەخسىر، ئوتكەندە سىلىنىڭ «ئەھلى جاماھەت بىلەن جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولىمەن، رىيازەتنى بىللە چېكىمەن» دىگەنلىرىنى ئاشپەز ئۇستام ئاڭلاپ قالغان ئىكەن، شۇڭا مۇشۇنداق تاماق ئېتىپ بەردى، — دەپتۇ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ.

## ئىشەك بار يەردە بىدە بولمىسا بولامدۇ؟

ھاكىم بىر يىلى قۇربان ھېيتتا يۇرت چوڭلىرىنى چاقىرىپ مېھمان قىلماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ - بۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن شۇ قاتاردا سەلەي چاققانىمۇ چاقىرىپ قويۇپتۇ. ئۇ جاماەت ئالدىدا سەلەي چاققانىڭ بىر ئەدۋىنى بېرىۋېلىشنى ئويلاپتۇ.

مېھمانلار ئىلگىرى - كېيىن جەم بوپتۇ. سەلەي چاققان كېچىكىپرەك كەپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەھلى جاماەت، - دەپتۇ سەلەي چاققان ئولتۇرغان مېھمانلارغا ئېھتىرام بىلەن تازىم قىلىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! قېنى، بۇ ياققا ئوتۇڭ! - دەپ ئورۇن كورسىتىپتۇ جاماەت.

سەلەي چاققان جاماەت كورسەتكەن يەردىن ئورۇن ئاپتۇ.

ھاكىم سەلەي چاققانىڭ ئوزىدىن ئەھۋال سورىمىغانلىغىنى ۋە ئايرىم تازىم قىلمىغانلىغىنى كورۇپ راسا ئاچچىغى كەپتۇدە، سوراپتۇ:

— ھە، سەلەي ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ نېمانچە كېچىكىپ قالدىڭ؟

— ھەررەت ئالدىلىرى، بىر ئىمش بىلەن بولۇپ قېلىپ، شۇنچە ئالدىرىساممۇ ئازراق كېچىكىپ قالدىم.

— ساقىلىڭ بىر باغ بىدىدەك تۇرۇپتۇ. ساقىلىڭىنىڭ ئېغىرلىقى كاشىلا بولدىمۇ - يا؟

— راست ئېيتىلا ھەزرىتىم، ئىشەك بار يەردە بىدە بولمىسا بولامدۇ؟ - دەپتۇ سەلەي چاققان كەسكىن قىلىپ.

ھاكىم ئاچچىغىدىن تاتىرىپ كېتىپ، ئولتۇرالماي چىقىپ كېتىپتۇ.

## قوزۇق

ئاغىنىسىنىڭ قىزىنىڭ تويى بولغان كۈنى سەلەي چاققان ھەممىدىن كېيىن كەپتۇ - يۇ، توردىكى بوش ئورۇنغا قوزۇق قېقىشقا باشلاپتۇ.

— توي بولىۋاتسا نېمە قىلغان قىلىقىڭىز بۇ؟ - دەپ تىرىكىپتۇ ئاغىنىسى.

— ئۆتكەن قېتىم ئوغلىڭىزنىڭ تويى بولغان كۈنىدىكىدەك يۈرتلىغىڭىزنى تاپالماي بۇ ئورۇن بوش قالسا، كونا كېسەلىڭىز قوزغىلىپ خاپا قىلمىسۇن دەپ ئەنسىرەيمەن. شۇڭا ئۆتكەندە سەلەرنىڭ مەھەللىدىن سېتىۋالغان يورغا ئېتىمنى بولسىمۇ

باغلاپ قويايدىگەن ئىدىم، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

## پايدىسى بار

تاماكۇ ۋە نېشە چېكىشنى كەسىپ قىلىۋالغان بىر ياش يىگىت سەلەي چاققاندىن سوراپتۇ:

— تاماكۇ بىلەن نېشىنى زىيانلىق دەيدۇ، راستمۇ؟

— باشقىلارغا زىيانلىق بولسىمۇ، ساڭا پايدىسى بار، - دەپتۇ سەلەي چاققان جاۋابەن، - بىرىنچىدىن، ئۆيۈڭگە ئوغرى كىرمەيدۇ، چۈنكى كېچىچە يوتۇلۇپ چىقىسەن. ئىككىنچىدىن، يول ماڭغاندا ئىتتىن قورۇقمايسەن، چۈنكى تېزلا ھاسىغا چۈشۈسەن. ئۈچىنچىدىن، ئۈششاق - چۈششەك بىرنەرسىلەرنى تېپىۋالىسەن، چۈنكى يەرگە ئېڭىشىپ ماڭىدىغان بولىسەن. تۆتىنچىدىن، ئۆيۈڭ چاڭ - تۇزاڭ بولمايدۇ، چۈنكى دائىم تۈكۈرۈپ تۇرىسەن. بەشىنچىدىن، ئۈستىۋېشىڭغا تۇپا - چاڭ قونمايدۇ، چونكى دائىم پۈدەپ تۇرىسەن.

## راھەت كورگەندە

باشقىلارنىڭ ئولە - تىرىلىشى بىلەن كارى بولمايدىغان بىر بېخىل خۇشنىسى سەلەي چاققاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ:

— خوتۇنۇمنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىمەن دەپ، پال ئاچتۇز-
مىغان رەمبال، ئوقۇتمىغان داخان قالمىدى. بۇگۈنگە كېلىپ،
قولۇمدىكى بار ۋەسىلىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. تەڭلىكتىن قۇ -
تۇلۇشۇمغا ياردەم بېرەرمىكىن، دەپ كىرگۈندىم، - دەپتۇ.
— بولىدۇ، - دەپتۇ سەلەي چاققان، - لېكىن راھەت كور-
گەن كۈنلەردە مانا شۇنداغ تەڭلىكنىڭ بولىشىنى ئۇنۇت -
ماڭ - دە !

## شەيتان سىزدىن قورقىدۇ

بۇزۇقچىلىقتا ئۇچىغا چىققان بىر كىشى سەلەي چاققانغا
ھال ئېيتىپ:
— بۇ دۇنيادا ماڭا ھېچنەرسە قورقۇنۇشلۇق ئەمەس، پە -
قەت "شەيتان يولۇمدىن ئازدۇرمىسىدى"، دەپ ئەندىشە قىلى -
مەن، - دەپتۇ.
— ئورۇنسىز ئەندىشە قىلماڭ بۇرادەر، - دەپتۇ سەلەي
چاققان ، - قىلمىش - ئەتمىشىڭىزنى كورسە، شەيتانمۇ سىزدىن
قورقىدۇ.

## ھاكىمنىڭ ئالدىغا قۇرۇق بارماڭ

كەمبەغەل يېزىلىقلىرىدىن بىرى سەلەي چاققاننىڭ ئالـ
دىغا ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەپتۇ:

— نەچچە يىلدىن بىرى ئۆز ئەھۋالىم توغرۇلۇق ھاكىم-
نىڭ دەرۋازىسىنى تولا قېقىپ، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالـ
مىدىم. شۇ سەۋەپتىن ماڭا توغرا مەسلىھەت كورسىتەرمىكىن،
دەپ ھوزۇرىڭىزغا كېلىشىم ئىدى.
سەلەي چاققان بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جا-
ۋاپ بىرىپتۇ:
— ئۇنداق بولسا ھاكىمنىڭ ئالدىغا قورۇق بارماڭ!

## كوزا

مانجۇ ئەمەلدارى بىر چىرىكنى ئارقىسىغا ئەگەشتۇرۇپ
بازارغا چىققان ئىكەن، كىشىلەر ئۇنىڭغا تازىم قىلىپ ئوتۇشۇپـ
تۇ. سەلەي چاققاننىڭ ئوزىگە پەرۋاسىز ھالەتتە قاراپ تۇرغانـ
لىغىنى كورگەن ئەمەلدار غەزەپتىن كوزلىرىنى چەكچەيتىپ:
—كويزا! - دەپ يېنىدىكى چىرىككە قاراپ ۋاقىراپتۇ. ئۇ
سەلەي چاققاننى تۇتۇش مەقسىدىدە، ئۇنىڭ قولىغا كويزا سال
دىمەكچى ئىكەن.

چىرىك بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا ئالدىراپ يېنىدىنى ئاخـ
تۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئىشنىڭ يامانغا ئايلىنىۋاتقانلىغىنى كور-
گەن سەلەي چاققان يۇگرەپ بارغىنىچە كوزا - قاچا ساتقۇچى-
نىڭ ئالدىدىن بىر كوزىنى قولىغا ئاپتۇ- دە، ئۇنى ئەمەلدارغا
سۇنۇپ:

— دارىن، چىرىككە ئاچچىغلانمىسىلا، ئوزلىرىنىڭ كوزىغا
ھاجەتلىرى چۈشكەن بولسا، مانا بۇنى ئىشلەتسىلە، - دەپتۇ.

ئۇرنىگە تەگلەنگەن كوزنى، كورۇپ قورقۇپكەتكەن ئەمەلدار ئەر ۋاھى ئۇچقان ھالدا قۇيرىغىنى تىكىشۇپتىپتۇ.

## ئۇگۇت ئاز بولغاچقا

سەلەي چاققان ئىش بىلەن بىر دوستىنىڭ ئويىگە بارغان ئىكەن، ئوي ئىگىسى ئادەت بويىچە دوستىنى سىيلىشقا مەجبۇر بولۇپ، بىر پارچىلا نان كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. قوسىغى ئېچىپ تۇرغان سەلەي چاققان ناننى ھوپىلا - شوپىلا يەپ بولۇپتۇ - دە، گەپ - سوز قىلماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. سەلەي چاققاننىڭ بۇ ئىشىدىن ئوڭايسىزلانغان ئوي ئىگىسى تەنە ئارلاش:

— سەلىياخۇن، تۇگمەن بەك ئىتتىك ئوخشىمامدۇ؟ - دەپتۇ.

— يوقسۇ، - دەپتۇ سەلەي چاققان، - ئۇنچىۋالا ئەمەس، ئۇگۇت ئاز بولغاندىكىن، شۇنداغ كورۈنىدۇ - دە!

## بىر تال سامان

سەلەي چاققان مەھەللىسىدىكى بىر بايغا يىللىققا تۇرۇپتۇ. يىل ئاخىرلاشقىچە ئۇنىڭ ئىشىدىن بىرەر قۇسۇر چىقىرىپ، ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قېلىشنىڭ ئېپىنى قولغا كەلتۈرەلمەي يۈرگەن باي بىر كۈنى سەلەي چاققانغا:

— مەن بىر تاغار ساماننى ئوگزىدىن يەرگە توكۈمەن، سەن بىر تالنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇپ ئالغىن، - دەپ بۇيرۇپتۇ.

سەلەي چاققان تاكى سامان توكۇلۇپ بۇلغىچە بىخەرامان قاراپ تۇرۇپتۇ ـ دە، ئاخىرىدا لەيلەپ چۈشۈۋاتقان بىر تال ساماننى تۇتۇۋېلىپ:

ــ باي ئاكا، مانا بىر تال ساماننى تۇتۇۋالدىم، ـ دەپتۇ.

## نىمە ئامال بار؟

سەلەي چاققان چوڭ قىزىنى ياتلىق قىپتۇ. توي ئاخىرلىشىپ، قىزنى ئۇزىتىدىغان ۋاقىتتا، خوتۇنى ئۇنىڭغا مەسلىھەت سېلىپ:

ــ دادىسى، قىزىمىزنى ئەرگە بەرگەندىن كېيىن، كىيىم-كېچەكلىرىنى ئېلىپ قالساق، كېيىنچە سىڭىللىرىغا لازىم قىلارمىز، ـ دەپتۇ.

سەلەي چاققان بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

ــ ئۇنداق بولسا، مەن دەرھال بىر كۆپ سېتىۋېلىپ كېلەي، ـ دەپ سىرتقا قاراپ مېڭىپتۇ.

ــ ئالدىرىغاندا نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىلا؟ ـ دەپ كايىپتۇ خوتۇن، ـ ھازىر كۆپ نىمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟

ــ سىڭىلچە بولغاندا، قىزىمىزنىڭ ئۈستىدىكى كىيىم-كېچەكلىرىنىمۇ سالدۇرۇۋالساق بولغىدەك، ـ دەپتۇ سەلەي چاققان، ـ ئۇنداقتا قىزىمىزنى كۆپكە سېلىپ چىقارمىساق نىمە ئامال بار؟

# قورققانغا قوش كورۇنۇپتۇ

سەلەي چاققان كەچتۇرۇن شەھەردىن قايتىپ چىقىۋېتىپ، بىر ئۆزۈككە كەلگەندە، چول ياقىسىدا چوخچىيىپ تۇرغان بىر نەرسىنى كۆرۈپ، "ئوغرى بولۇپ قالمىغىدى!" دىگەن گۇمان بىلەن قورقۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. سىنجىلاپ قارىغانسىرى ھېلىقى نەرسە ئاستا - ئاستا ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك. سەلەي چاققان راستىنلا قورقۇنچ ئىچىدە قاپتۇ ۋە تۇمىقىنى بىر قولىغا كەيدۈرۈپ، ئىگىز كوتەرگەن ھالدا:

— ھەي ئوغرى، بىزگە يېقىنلاشقۇچى بولما، بىر جېنىڭ بىلەن ئىككىيلەنگە تەڭ كىلەلمەيسەن ،— دەپ پوپوزا قىپتۇ.

شۇ ئارىدا بۇلۇتنى يېرىپ چىققان ئاي ئەتراپنى سۈتتەك يورۇتۇۋېتىپتۇ. سەلەي چاققان سەپسېلىپ قارىسا، "ئوغرى" دەپ گۇمان قىلغىنى شېخى كېسىۋېلىنغان دوكغاق جىگدە ئىكەن.

— خۇداغا شۈكرى!— دەپتۇ سەلەي چاققان تۇمىقىنى بېشىغا كىيىۋېتىپ،— "قورققانغا قوش كورۇنۇپتۇ" دىگەن مۇشۇ ئىكەندە!...

# ئىشتىن يانغىچە كېتىپ قالاي

سەلەي چاققان مەھەللىسىدىكى بىر بايغا كۈنلۈكچى ھىساۋىدا ئىشلەپ يۈرگەن ئىكەن، بىر كۈنى باي ئۇنىڭغا:

— بۈگۈن كەچتە ئۆيىمىزدە مىھمان بار. جۈگۈ - يېتىمغا قارىشىپ بېرەرسەن، ئىشتىن يېنىپ ئۆيۈڭگە كېتىپ قالمىغىن، ھە!— دەپتۇ.

— بولىدۇ، باي ئاكا!— دەپتۇ سەلەي چاققان،— ئۇنداق بولسا، ئىشتىن يانغىچە بولغان ئارىلىقتىلا كېتىپ قالاي.

مۇقاۋىنىسى لايىھەلىگۈچى ۋە قىستۇرما
رەسىملىرىنى سىزغۇچى: مەھەممەت ھېيت

统一书号: M 10264·23

定　价: 0.13 元